گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى يېتەكچى پىكىر بېسىپ تارقاتتى

# يېڭى دەۋردە

# ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئادەم تەربىيەلەش ئۇسۇلى ئىسلاھاتى ئالغا سىلجىتىلىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «يېڭى دەۋردە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئادەم تەربىيەلەش ئۇسۇلى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «پىكىر» دېيىلدى)نى بېسىپ تارقاتتى.

«پىكىر»دە مۇنداق كۆرسىتىلدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ساپا مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مائارىپ قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، ئەلرايىنى مۇجەسسەملەش، كىشىلىك پەزىلەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئادەم كۈچىنى ئېچىش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، خەلققە بەخت يارىتىش خىزمەت نىشانىنى چۆرىدەپ، ئادەم تەربىيەلەشنىڭ ئاچقۇچلۇق ھالقىلىرى ۋە نۇقتىلىق ساھەلىرىدىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بىر تەرەپلىمە ئىمتىھانغا تاقابىل تۇرۇش مائارىپى خاھىشىنى قەتئىي ئۆزگەرتىپ، ئادەم تەربىيەلەش سەۋىيەسىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ماسلىشىشى، ئالىي مائارىپنى قوبۇل قىلىشى ۋە كەلگۈسى كەسپىي تەرەققىياتىغا ياخشى ئاساس سېلىشى ئۈچۈن، تىرىشىپ سوتسىيالىزمنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتتە ئەتراپلىق يېتىلگەن قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

«پىكىر»دە مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: 2022 ـ يىلىغا بارغاندا، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتتە ئەتراپلىق يېتىلدۈرۈش سىستېمىسى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مېخانىزمى يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇلىدۇ. ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ يېڭى دەرس، يېڭى دەرسلىكى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپلىق ھەم خاسلىققا ئىگە تەرەققىي قىلىشقا ماس كېلىدىغان مائارىپ ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلىپ، دەرس تاللاپ سىنىپقا كىرىش ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش مېخانىزمى ئاساسىي جەھەتتىن مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئىلمىي بولغان مائارىپ باھالاش ۋە ئىمتىھان ئېلىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمى ئاساسىي جەھەتتىن ئورنىتىلىپ، ئوقۇتقۇچىلار مەنبەسى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى ئۈنۈملۈك كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ كۆپ خىللاشقان، خاس تەرەققىيات ۋەزىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈرۈلىدۇ.

«پىكىر»دە ئالتە جەھەتتىكى نۇقتىلىق ۋەزىپە ئوتتۇرىغا قويۇلدى: بىرىنچى، ئومۇميۈزلۈك يېتىلدۈرۈش سىستېمىسى بەرپا قىلىش. ئەخلاق تەربىيەسىنىڭ دەۋر خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشنى ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيەسى، مەدەنىيەت بىلىملىرى تەربىيەسى، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت تەربىيەسىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىغا سىڭدۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش؛ ئۇنىۋېرسال ساپا يېتىلدۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇنىۋېرسال ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش يولىنى كېڭەيتىش؛ ئۇنىۋېرسال ساپانى باھالاشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم يېتەكچىلىك رولىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش. ئىككىنچى، دەرسنى يولغا قويۇشنى ئەلالاشتۇرۇش. ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ يېڭى دەرسنى يولغا قويۇش لايىھەسىنى تۈزۈپ، 2022 ـ يىلدىن ئىلگىرى يېڭى دەرسنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش، يېڭى دەرسلىكنى ئىشلىتىش؛ مەكتەپلەرنىڭ دەرس باشقۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خاس دەرس قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش. ئۈچىنچى، ئوقۇتۇشنى تەشكىللەش، باشقۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىش. دەرس تاللاپ سىنىپقا كىرىشنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش؛ دەرسخانا ئوقۇتۇشى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇچۇر تېخنىكىسى بىلەن مائارىپ ئوقۇش ـ ئوقۇتۇشنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش؛ ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇشنى ئەلالاشتۇرۇپ، دەرس ئۆلچىمىدىن ئاشۇرۇپ ئوقۇتۇش، سۈرئىتىنى قوغلىشىش ۋە دەرسنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئاخىرلاشتۇرۇشنى قاتتىق چەكلەش. تۆتىنچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېتىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىش. يېتەكچىلىك قىلىش ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ توغرا غايە ـ ئېتىقاد تۇرغۇزۇشى، ئۆزىنى توغرا تونۇشىغا ياردەم بېرىش؛ تۈرلۈك جەمئىيەت بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مەكتەپ، ئائىلە، جەمئىيەت ماسلىشىپ يېتەكچىلىك قىلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش. بەشىنچى، ئىمتىھان ئېلىش ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. ئوقۇش سەۋىيەسى ئىمتىھانىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئىمتىھان سوئالى چىقىرىش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش؛ ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىسلاھاتىنى پۇختا قەدەمدە ئالغا سىلجىتىپ، نوقۇل ھالدا ئىمتىھان نەتىجىسىگە ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارنى باھالاش، قوبۇل قىلىش خاھىشىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىش. ئالتىنچى، ئوقۇتقۇچىلار مەنبەسى ۋە شارائىت كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەش شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىش؛ مەكتەپلەرنىڭ ياتاق شارائىتىنى ياخشىلاپ، خىراجەت سېلىنمىسى مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش.

«پىكىر»دە مۇنداق تەكىتلەندى: پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، ئۆلكە دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ بىرتۇتاش پىلانلىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شەھەر، ناھىيەلەرنىڭ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنى يولغا قويۇش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تارماقلارنىڭ ئىش تەقسىماتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، باھالاش، نازارەت قىلىش ـ يېتەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈرلۈك ئىسلاھات نىشانى، ۋەزىپىسى، تەدبىرلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

# تارىم نېفىتلىكى يېشىل تەرەققىياتقا «كۈچ قوشتى»

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تارىم ئويمانلىقىدا تەبىئىي گازنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش، بايقاش غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى بىۋاسىتە ئىلگىرى سۈرۈپ، لىنيە بويىدىكى 14 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەردىكى 300 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىگە نەپ يەتكۈزدى. 2002 ـ يىلى 7 ـ ئايدا غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش 1 ـ لىنيە تۇرۇبىسىدا قۇرۇلۇش باشلاندى، 2004 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تارىم نېفىتلىكى غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش تۇرۇبا لىنيەسى ئارقىلىق شەرقىي قىسىمدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرنى گاز بىلەن تەمىنلەشنى باشلىدى، 1 ـ لىنيەنىڭ قۇرۇلۇپ پۈتۈشى غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش 2 ـ لىنيەسى، 3 ـ لىنيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاساس سالدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، تارىم نېفىتلىكى يەنە جەنۇبىي شىنجاڭنى گازلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى پائال يولغا قويۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاممىنى پۈتۈن مەملىكەت بىلەن تەڭ قەدەمدە تەبىئىي گاز دەۋرىگە كىرگۈزدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرى، تارىم نېفىتلىك شىركىتى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى قىسمەن ناھىيە، شەھەرنى تۇڭلۇق سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز بىلەن تەمىنلەشنى باشلىدى. 2010 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن باشلاپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا تەبىئىي گاز ئارقىلىق خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشنى باشلىدى. 2013 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تارىم ئويمانلىقىدا تەبىئىي گاز ئاساسىي غول تۇرۇبا تورى ئومۇميۈزلۈك تۇتاشتۇرۇلدى ھەم ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2424 كىلومېتىرغا يېتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت، ئىككى ئوبلاستىدىكى 42 ناھىيە، شەھەر، 20 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن ـ مەيدانىنى قاپلىدى. بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، جەمئىي تەمىنلەنگەن گاز مىقدارى 33 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىپ، سۈندۈرۈپ ھېسابلىغاندا 43 مىليون 160 مىڭ توننا ئۆلچەملىك كۆمۈرنىڭ ئورنىنى ئالدى.

«ئىلگىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئامما ئاساسلىقى كۆمۈر ياكى ئوتۇن قالاپ تاماق ئېتەتتى ۋە ئىسسىناتتى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيەسى ئاجىز بولغاچقا، كۆمۈر ۋە ئوتۇن قالاش ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا ئېغىر يۈك ئېلىپ كەلگەن. جەنۇبىي شىنجاڭدا تەبىئىي گاز ئارقىلىق خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇشى شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى قوغدىدى» دېدى ۋاڭ شېڭجۈن.

بۇلتۇردىن بۇيان، قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ كۆكيار يېزىسى تار ئېغىز كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى تۇرغۇن توختى ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال ئىدى، چۈنكى ئۇ تەبىئىي گازغا ئۆزگەرتىپ نان ياقاندى. «بۇنىڭ بىلەن كۆمۈر ۋە ئوتۇننىڭ تەننەرخىنى تېجەپلا قالماي، يەنە ئاچچىق ئىسنىڭ دەردىنى تارتمايدىغان بولدۇم، ناننىڭ تەممۇ ياخشىلاندى، سوداممۇ يۈرۈشتى، ھازىر كۈنىگە ئاز دېگەندىمۇ 200 نان ساتالايمەن» دېدى ئۇ 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خۇشال ھالدا.

# مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچىلارنى باھالاش، تەقدىرلەش خىزمىتى رەسمىي باشلاندى

(بېشى 3 ـ بەتتە)

ھەرقايسى تارماقلاردىن ھەقىقىي تۈردە مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، باھالاش، تەقدىرلەش خىزمىتىنىڭ سىياسىيلىقى، سىياسەتچانلىقى، ۋەكىللىكلىكى، يېڭىلىقچانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ئالاھىدىلىكى، دەۋر ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىش؛ قانۇنغا ئاساسلىنىش، قائىدىگە ئاساسلىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاشكارا، ئادىل، باراۋەر بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، «ئىككىنى تەكشۈرۈش، ئۈچنى ئاشكارىلاش» تەرتىپى(يەنى دەسلەپكى تەكشۈرۈش، قايتا تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى قېتىم تەكشۈرۈش تەرتىپىنى تەشكىللەش؛ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كۆرسىتىلگەن ئوبيېكتلار تۇرۇشلۇق ئورۇن، ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك دائىرە ۋە مەملىكەت دائىرىسىدە ئۈچ دەرىجە بويىچە ئېلان قىلىش)نى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ياخشىلار ئارىسىدىن ئەلالىرىنى تاللاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەلەپ قىلىندى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچىلارنى تەقدىرلەش ۋە مۇكاپاتلاش دۆلەت تەقدىرلەش ـ مۇكاپاتلاش خىزمىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئادەتتە ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم باھالاپ تەقدىرلىنىدۇ. تەقدىرلىنىدىغان نەمۇنىلىك كوللېكتىپ ۋە نەمۇنىلىك شەخسلەرگە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىلىك كوللېكتىپ» «مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس» دەپ نام بېرىلىدۇ، مۇكاپات تاختىسى، مېدال، گۇۋاھنامە تارقىتىلىدۇ. گوۋۇيۈەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 1988 ـ يىلى، 1994 ـ يىلى، 1999 ـ يىلى، 2005 ـ يىلى، 2009 ـ يىلى ۋە 2014 ـ يىلى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ئىشلىرى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان زور بىر تۈركۈم نەمۇنىلىك كوللېكتىپ ۋە نەمۇنىلىك شەخسلەرنى تەقدىرلەپ، دەۋر ئۆلگىسى تىكلەپ، دەۋر روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە قىزغىن ئىنكاس قوزغىغان.




# ۋۇ شۇ: ساداقەتمەنلىك بىلەن جۇڭخۇانى قوغداش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەنجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر چيۇ بىڭچىڭ)** جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ لىيەنيۈنگاڭ شەھىرى گۇەننەن ناھىيەسى شىنئەن بازىرى داۋۇ كەنتىدە جەنۇبقا قارىتىپ سېلىنغان ئۈچ ئېغىز ئۆي، ئىككى ئېغىز يان ئۆي بار بولۇپ، ئۆي ئىچىدە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربان ۋۇ شۇنىڭ بىر پارچىلا سۈرىتى بار ئىدى، بۇ، ۋۇ شۇنىڭ بۇرۇنقى تۇرالغۇسى. بۇرۇنقى تۇرالغۇنىڭ يېنىدىكى ۋۇ شۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئەسلىي ئورنىدا ھازىرقى داۋۇ كەنتى كەنت ئىشخانىسىنىڭ 3 ـ قەۋىتىدىكى بىر ئېغىز ئۆي ۋۇ شۇ خاتىرە سارىيى قىلىنغان بولۇپ، ۋۇ شۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن بۇيۇملىرى، خاتىرە دەپتىرى ھەم ۋۇ شۇنىڭ ھاياتلىق ئىش ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان كىتاب قاتارلىقلار ساقلانغانىدى.


ۋۇ شۇنىڭ سۈرىتى. □شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

ۋۇ شۇ 1916 ـ يىلى گۇەنيۈن ناھىيەسى(ھازىرقى گۇەننەن ناھىيەسى)دىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1930 ـ يىلى ۋۇ شۇ ئۆلكىلىك لىيەنيۈنگاڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى مەكتىپىنىڭ سىفەن سىنىپىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى بولغان.

لۇگوچياۋ ۋەقەسىدىن كېيىن، ۋۇ شۇ مەكتەپ مۇدىرى بولغان باشلانغۇچ مەكتەپ دەرس توختىتىشقا مەجبۇر بولغان. كۈچلۈك دۈشمەننىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى، دۆلەت تۇپراقىنىڭ پارچىلىنىشىغا قارىتا، ۋۇ شۇنىڭ غەزىپى تېشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە ئاتلىنىشقا بەل باغلىغان. شۇ يىلى قىشتا، ۋۇ شۇ شۇ جايدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشكىلات «لاجيۇ ئۇيۇشمىسى»غا قاتناشقان ھەم تايانچقا ئايلانغان.

1939 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ۋۇ شۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. 1939 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، دۇڭ گۇەن شۇ (يەنى دۇڭخەي، گۇەنيۈن، شۇياڭ) ئەتراپلىرىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوراللىق كۈچلەر 8 ـ ئارمىيەنىڭ شەندۇڭ زۇڭدۈيى لۇڭخەي جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش پارتىزانلار تارماق ئەترىتىنىڭ 3 ـ تۈەنى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن، ۋۇ شۇ 3 ـ تۈەن 2 ـ يىڭنىڭ جياۋداۋيۈەنى بولغان. 1939 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، 3 ـ تۈەننىڭ تۈەنجاڭى تاڭ شۇخۇڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، 3 ـ تۈەن دۇڭ گۇەن شۇدىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان، ۋۇ شۇ قىسىمنى باشلاپ تۈەنگە ئەگىشىپ غەربكە يۈرۈش قىلغان.

3 ـ تۈەن چېكىنگەندىن كېيىن، گومىنداڭ جاھىل كۈچلىرى ۋە ئەكسىيەتچىل پومېشچىكلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي خورىكى بەك ئۆسۈپ كەتكەن، دۇڭ گۇەن شۇنىڭ زور كۆپ قىسىم رايونىنى ئاق تېررورلۇق قاپلىغان. يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتى غەربكە يۈرۈش قىلىش سەپىرىدە ۋۇ شۇنى گۇەنيۈنگە قايتىپ، دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلىشقا ئەۋەتكەن. گۇەنيۈنگە قايتقاندىن كېيىن، ئاق تېررورلۇق ۋە قالايمىقان ۋەزىيەتكە قارىتا، ۋۇ شۇ قەتئىي تۈردە پارتىيەنىڭ يوليورۇقىنى ئىجرا قىلىپ، خىزمەتلەرنى ئاكتىپ قانات يايدۇرغان، كېيىن گۇەنيۈن ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولغان. 1940 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ۋۇ شۇ تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەردىن پايدىلىنىپ جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى قاتلاملىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، 30 نەچچە كىشىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش قېرىنداشلار تۈەنىنى قۇرغان. ئۇزاق ئۆتمەي، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش قېرىنداشلار تۈەنىنىڭ ئادىمى تەرەققىي قىلىپ 100 نەچچە كىشىگە يېتىپ، شۇ جايدىكى ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئاساسىغا ئايلانغان.

1940 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، 8 ـ ئارمىيەنىڭ ئاساسىي كۈچ قىسمى خۇەيخەي رايونىغا ئىلگىرىلەپ كىرگەن. ۋۇ شۇ بۇ پۇرسەتنى تۇتۇپ، يەرلىكتىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش قوراللىق كۈچلىرىگە باشلامچىلىق قىلىپ بىڭخەي دادۈينى تەشكىللەپ قۇرغان، ۋۇ شۇ دادۈينىڭ جېڭۋېيى بولغان. 1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، ۋۇ شۇ يېڭىدىن تەشكىللەپ قۇرۇلغان يېڭى 4 ـ ئارمىيە 3 ـ شىسى مۇستەقىل لۈيى 2 ـ تۈەننىڭ جېڭۋېيلىقىغا يۆتكەپ تەيىنلەنگەن. شۇ يىلى قىشتا، ۋۇ شۇ شەرقىي شىمالغا يۆتكىلىپ ئۇرۇش قىلىپ، شەرقىي شىمالدىكى ئۇرۇش ھاياتىنى باشلىغان.

1947 ـ يىلى ۋۇ شۇ 117 ـ شى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان، بېيپىڭ ـ تيەنجىن ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئۇ قىسىمنى باشلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، خېبېيدىن ئۇرۇش قىلىپ خۇبېيغا، خۇنەندىن ئۇرۇش قىلىپ گۇاڭشىغا يېتىپ بېرىپ، نۇرغۇن قېتىملىق ئۇرۇش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئازادلىقىنى كۈتۈۋالغان.

1950 ـ يىلى ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ۋۇ شۇ تۇرۇشلۇق قىسىم ئۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە يېتىپ بارغان. ئۇ قىسىمغا باشلامچىلىق قىلىپ 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ قېتىملىق ئۇرۇشقا قاتنىشىپ نۇرغۇن دۈشمەننى يوقىتىپ، ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھەيۋىسىگە ئېغىر زەربە بەرگەن. 1951 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، 4 ـ قېتىملىق ئۇرۇش باشلانغاندا، ۋۇ شۇ تۇرۇشلۇق قىسىم ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىپ، دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە ئۆتۈپ دۈشمەننىڭ قېچىشتىكى چېكىنىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىغان. 1951 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كەچتە، قىسىم دۈشمەننىڭ ھاۋادىن قامال قىلىشىغا دۇچ كەلگەن، دۈشمەن ئايروپىلانلىرى غالجىرلارچە بومباردىمان قىلغان. ۋۇ شۇ بەختكە قارشى يارىلىنىپ، قانغا مىلىنىپ يىقىلىپ، ئاخىر يارىسى ئېغىر بولغانلىقتىن، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي، 35 يېشىدىلا ھاياتىنى تەقدىم قىلغان.

ھازىر داۋۇ كەنتىدە، ھەر يىلى چىڭمىڭ بايرىمى، جۇڭيۈەن بايرىمى قاتارلىق بايرام كۈنلىرىدە، شۇ جايدىكى كەنت ئاھالىلىرى خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ ۋۇ شۇنى ياد ئېتىدۇ. «يولداش ۋۇ شۇنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس ئىنقىلابىي ئېتىقادى، ئاممىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان خىزمەت ئىستىلى، پارتىيەنىڭ يوليورۇقىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلىش، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت قىلىش ئىنقىلابىي روھى، جۇڭگو ئىنقىلابى، دۇنيا ئىنقىلابى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشقا جۈرئەت قىلىشتەك ئالىيجاناب پەزىلىتى قەلبىمىزدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ، بىزنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ» دېدى داۋۇ كەنتى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋۇ شىگاڭ.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)